
# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 26 ـ سان

سېنتەبىر 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر




# خىتاي ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلماقتا

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلات ئىسلام دۇنياسىدىكى مېدىيالاردا كۈنتەرتىپكە كەلدى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە ئېلان قىلغان كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئىسلام دۇنياسىدىكى مېدىيالاردا كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلدى.

ئەلجەزىرە قانىلى دوكلات ھەققىدە زىيارەت پىروگراممىسى ئىشلىگەن بولۇپ، پىروگراممىدا شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) رەئىسى دوكتور ئابدۇلۋارىس ئابدۇخالىقنى زىيارەت قىلدى. ئابدۇلۋارىس ئەپەندى دوكلات ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، ب د ت دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنغان «خىتاي ئاتالمىش تەربىيەلەش مەركىزى دەپ ئاتىۋالغان جازا لاگېرلىرىدىكى قىيىن-قىستاققا ئېلىش، ناچار مۇئامىلە قىلىش، جۈملىدىن نامەلۇم دورىنى مەجبۇرىي يېگۈزۈش، ناچار شارائىتتا تۇتۇپ تۇرۇش، ئاياغ ئاستى قىلىش، ۋەھشىيلەرچە زوراۋانلىق قىلىش» قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئەمما دوكلاتتا يەنە «ئۇيغۇرلارنى خىتاي بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش، بالىلار لاگېرى، شارائىتى ناچار ئورۇندا قاماش، سوت قىلىنماي ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش، ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش» دېگەندەك جىنايەتلەرنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەرەب توققۇزىنچى قانىلىمۇ شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكانىنى زىيارەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.

ئۇندىن باشقا ئەرەبچە ئەخبار قانىلى، قانۇتۇلغاد، ئەرەبچە سكاي نيوز قانىلى، فىرانسىيە -24قانىلى، قاناتۇلئان قاتارلىق قانالالار دوكلات ھەققىدە خەۋەر بەردى ھەمدە مەخسۇس زىيارەت پىروگراممىسى ئىشلىدى. بۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم قانالالار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق دوكلاتنى تونۇشتۇردى. بەزى قانالالار دوكلات ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ دوكلاتتا تىلغان ئېلىنغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدىكى پولاتتەك پاكىتلارنى ئىنكار قىلىپ، قالايمىقان بىلجىرلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.






ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قامال سىياسىتى داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېچىنىشلىق سىنلار كۆپلەپ تارقالماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىرۇستىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى ھەركۈنى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 24 سائەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئالامەتسىز يۇقۇملانغۇچىدىن 30-40 كىشىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەنلىكىنى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلارنىڭ بارماق بىلەن سانىغىچىلىكمۇ ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، چەكتىن ئاشقان قامال قىلىشلارغا، ۋىرۇستىن مۇداپىئەلىنىش باھانىسى بىلەن خەلقنى شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغان لاگېرلارغا يىغىۋالغانلىقىغا ئالاقىدار سىنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كۆپلەپ پەيدا بولۇشى، داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن كېسەللەرنىڭ ئۆيلىرىدە جان ئۈزۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر جىددىي ئەندىشە قوزغىماقتا.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىندا بىر دېھقان تال باراڭلىرىدا پىشىپ سېسىپ كەتكەن ئۈزۈملەرنى كۆرسىتىپ ھەسرەت چەككەن ھالدا: «ھۆكۈمەت بۇنى كۆرۈڭلار! دېھقان بىچارىلەرگە ئۇۋال بولۇپ كەتتى. دېھقانغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوقمۇ؟ دېھقانلار مۇشۇنداق خارلىنىپ كەتتى، قاق-سەنەم بولۇپ كەتتۇق» دېگەن.

يەنە بىر سىندا بولسا قامالدا ئاچ قالغان خەلق خىتاي دائىرىلىرى تەشۋىقاتلىرىدا توختىماي ماختاۋاتقان ئاتالمىش «پىدائىي»لارنى چاقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، بىنانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن «بەش كۈن بولدى، يېمەكلىك بەرمىدى، ئاچ قالدۇق! بىزنىڭ بىناغا قارايدىغان ئادەم يوقمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلانغان. ئۇندىن باشقا سىندا كىشىلەر ئۆزئارا: «ئاۋۇلار ئاچلىقتىن بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالغىلى تاس قالدى. دېرىزىدىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ بولغاندا تۇتۇۋالدى» دېيىشكەن.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان باشقا سىنلاردا يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ ئىشكىلەرنى سىم ئارقىلىق، پېچەت چاپلاش ئارقىلىق تاقاۋاتقانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تەرىقىدە نەزەربەند قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلار بىلەن كارى بولماي تاشلاپ قويغانلىقى كۆرسىتىلگەن. غۇلجىنىڭ ئۇلاستاي باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى پار يەتكۈزۈش

ئورنىدا ئىشلەۋاتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ بۆرىكىگە تاش چۈشكەن بولۇپ، كېسەلى قوزغىلىپ قالغاندا دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن ئادەم تېپىلمىغان. ئۇنىڭ ئايالى جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، بىراق تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىغان. ئۇ يولدىكى ساقچىلارغا شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، بىراق ساقچىلار: «بىز ۋەزىپە ئۆتەۋاتىمىز» دەپ يېقىن كەلمىگەن. ئاخىرىدا بىمارنىڭ ئايالى: «خەلقىم، يولدىشىمنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار» دەپ نالە قىلغان.

تارقالغان يەنە بىر سىندا ئاچ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ «پىدائىي»لارغا تېلېفون قىلغانلىقى، ئەمما ئەمەلدارلارنىڭ كارى بولمىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەلۇم بىر ئۈندىدار توپىدا بىر كىشى: «ئۆيدە ئۈچ پەرزەنتىم بار، يەيدىغان نەرسە يوق، بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ ئۇچۇر يازغان. باشقىلارمۇ: «بىزنىڭ ئۆيدىمۇ يەيدىغان نەرسە يوق. بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بالىلار بار. ھەممىمىز ئاغرىپ قالدۇق» دەپ جاۋاب يازغان. مەزكۇر سىن يەنە قامال جەريانىدا ئاچلىقتىن تېنى ئاجىزلاپ قىزىپ قالغانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ نورمال ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن پىسخىكىسى بۇزۇلغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

8-سېنتەبىر تارقالغان يەنە بىر سىندا غۇلجىدىكى ئەھمەد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قامال سەۋەبلىك قازا قىلغانلىقى مەلۇم بولغان. سىندا مەزكۇر كىشىنىڭ ئۆيدە يالغۇز ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان كىشىلەر خىتاينىڭ مەھەللە كادىرلىرى بىلەن ئۆيگە كىرگەن بولۇپ، جەسەت ئاللىبۇرۇن مۇزلاپ كەتكەن ھالدا بايقالغان. سىندا بىر كىشى: «ئەھمەد ئاكام مۇشۇنداق بولۇپ قاپتۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قاماپ قويۇپ كارى يوق. بۇ ئالەمدىن ئۆتكىلى ئۇزۇن بوپتۇ، ئاللىبۇرۇن مۇزلاپ قېتىپ قاپتۇ» دېگەن ۋە خىتاي كادىرلىرىغا قارىتىپ: «تاماقنى تامدىن تاشلاپ بەرسىلا ھېسابمۇ؟» دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ ئاتالمىش «ۋىرۇستىن مۇداپىئەلىنىش» ئەمەس، بەلكى قاتتىق قامال ئارقىلىق خەلقنى ئامالسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ناچار شارائىتتا كېسەل قىلىپ تۈگىتىش، ئۆيلەردە قالغانلارنى ئاچ قويۇپ قىيناش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

نۆۋەتتە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋەزىيەتكە قارىتا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرماقتا، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۈرلۈك نامايىشلار تەشكىللىمەكتە.





# ئامېرىكا خىتاينىڭ جان تومۇرنى كېسىپ تاشلىدى

خىتاينىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرى ئامېرىكىنىڭ سۈنئىي ئىدراك ئۆزىكىگە كۈچلۈك ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئامېرىكا بۇ قېتىم خىتاينىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان ئۆزەك سېتىپ بېرىشنى توختاتتى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 7-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتايدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە خىتاي ئىگىلىكىدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ ھېسابلاش ئۆزىكىگە تايىنىپ، سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كەلگەن، ئەمما نۆۋەتتە ۋاشىنگتون بۇ ئۆزەكلەرنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلىگەن.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆزىنى «ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېت» ياكى «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن خىتاي مۇداپىئە تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ A100 ئۆزىكىنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرلارنىڭ بىرى بولغان «تيەنخې-2» خىتاي دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2015-يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكىنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئەندىشىسى سەۋەبىدىن ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېردا ئىشلىتىلىدىغان ئىنتېل بىر تەرەپ قىلغۇچقا ئېرىشەلمىگەن.

خىتاينىڭ بۇ يىل 5-ئايدىكى بىر قېتىملىق خېرىدار چاقىرىش ئېلانىدا ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ ئىنستىتۇت سۈنئىي ئەقىل قوللىنىشچان Nvidia گىرافىك بىر تەرەپ قىلغۇچتىن 24 نى سېتىۋېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئالدىنقى ئايدا يەنە بىر قېتىم خېرىدار چاقىرىش ئېلانى تارقاتقان. بۇ ئەھۋال خىتاي مۇداپىئە پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېخىچە باشقا دۆلەت ۋە ئورگانلار بىلەن ئۆزەك بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە مۇۋاپىق كېلىشىم ياكى تەمىنلىگۈچى تاپالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، Nvidia ۋە AMD قاتارلىق ئامېرىكا شىركەتلىرى تەمىنلەيدىغان ئۆزەكنىڭ كەمچىل بولۇشى خىتاي ئورگانلىرىنىڭ سۈرەت ۋە ئاۋۇش پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھېسابلاش ئىشلىرىنى قىلىشنى توسۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.



# مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى «شەرقىي تۈركىستان خەلق دىپلوماتىيەسى» پىلانىغا ئاساسەن، 2-سېنتەبىر مالايشىيا پايتەختى كۇئالالۇمپۇرغا يېتىپ بېرىپ، خىزمەتلىرىنى باشلىدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، باش كاتىپ ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مەسئۇلى نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىيدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت تۇنجى بولۇپ مالايشىيا باش مىنىستىرلىقى دۆلەتلىك ئىقتىسادىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مەسلىھەتچىسى دوكتور ئابدۇرازاق ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى.

كۆرۈشۈشتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش، بۇ جەھەتتە ھەمكارلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى مەزكۇر ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى يەنە، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى دۇنياغا كۆرسىتىپ بەرگەن، مالايشىيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان دوكتور ئۇلىسى يازىجى ۋە مالايشىيادىكى بىر قىسىمى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

ھەيئەت 3-سېنتەبىر كەچتە مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى (ABIM) كۇئالالۇمپۇردا تەشكىللىگەن ياشلار خىزمەت يىغىلىشىغا ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 4-سېنتەبىر يەنە مالايشىيا «Strategy Force» نىڭ رەئىسى مۇسا بىن مەھمۇد، مالايشىيا دۆلەتلىك كىتاب ئىشلىرى تەرەققىيات فوندىنىڭ رەئىسى دوكتور ھەسەن ھەمزە، مالايشىيا مەملىكەتلىك پارلامېنت ئەزاسى ئەنۋەر ئىبراھىمنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى

«مىللىي ئادالەت پارتىيەسى» نىڭ تاشقى ئىشلار مۇدىرى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى كېڭەش ھەيئەتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمسۇل ئىسكەندەر قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مەسىلىسىدە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن كۈتۈۋاتقان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

4-سېنتەبىر كەچتە مالايشىيادىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەز تەشكىلاتى بولغان مالايشىيا ئىسلامىي تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەمكارلىق كېڭىشى ھەيئەتىنىڭ شەرىپىگە كەچلىك تاماق ۋە ۋە شەرقىي تۈركىستان دىئالوگ يىغىلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ھەيئەت 5-سېنتەبىر يەنە مالايشىيا باش مىنىستىرلىقىغا تەۋە مۇھىم ئىستراتېگىيە مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان «مالايشىيا ئىسلامنى چۈشىنىش ئىنىستىتۇتى»نىڭ رەئىسى پىروفېسسور دوكتور مۇھەممەد ئازام بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

ھەيئەت 6-سېنتەبىر مالايشىيا دۆلەتلىك كىتاب تەرەققىيات ۋە ھۆججەتلىك فىلىم فوندىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە مالايشىيا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇشا كۇلاسېگاران، مالايشىيا ياشلار تەشكىلاتى ABIM نىڭ رەئىسى فايسال ئەزىر، يەر شارى تىنچلىق ئۆمىكى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى فەھمى شەمسۇددىن مۇھەممەد ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

ھەيئەت يەنە كۇئالالامپۇردا مالايشىيا پارلامېنت ئەزالىرى، ئاخباراتچىلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدا، ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنهاجى ئەپەندىلەر 7-سېنتەبىر مالايشىيانىڭ دۆلەت تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بولغان سىنار قانىلى ۋە ئىكىم قاناللىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرغاندى. نۇر مۇھەممەد ئەپەندى 8-سېنتەبىر يەنە مالايشىيانىڭ دۆلەتلىك قاناللىرىدىن بىرى بولغان ئاۋانى قانىلىنىڭ پىروگراممىسىغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى ۋە مالايشىيا خەلقىنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسى مەسىلىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا چاقىردى.

ھەيئەت 8-سېنتەبىر يەنە مالايشىيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور داتو زۇلكىفل ئابدۇرازاق ئەپەندىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، مالايشىيا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى ۋە مالايشىيا ئىسلام ياشلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن پىروفېسسور دوكتور مۇھىد نور مونۇتتىي ۋە موھد ناكھاي ھاجى ئەمھەد بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مەسىلىسىدە قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، كېڭەش پالاتا ئەزاسى ھاجى ئىدرىس ئەھمەدنى مىنىستىرلىقتا زىيارەت قىلدى ۋە شۇنداقلا مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئافغانىستان ئالاھىدە ئەلچىسى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى داتو ئەھمەد ئازام رەھمەد، مالايشىيا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، سابىق مىنىستىر داتۇك سىرى سالاھىددىن ئەييۇب، مالايشىيا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى داتۇق سىرى سالاھىددىن ئەييۇبىي، مالايشىيا پارلامېنتىنىڭ رەئىسى تان سىرى داتو سېرى ئۇتاما قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە شۇنداقلا دوكتور رايىس ياتىمنىڭ «مالايشىيا مۇستەقىللىق كۈنى» مۇناسىۋىتى

بىلەن تەشكىللەنگەن «مۇستەقىللىقنىڭ ئۇنۇمى» ناملىق يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلدى. ھەيئەت يىغىلىشتا پارلامېنت رەئىسگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەييارلانغان دوكلاتنى سۇندى.

ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى ئەپەندى 10-سېنتەبىر يەنە مالايشىيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىنىڭ يىللىق يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇرغاندىن سىرت، خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاتالمىش «يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش» نامىدا ئاچ قويۇپ قىيناۋاتقانلىقىنى، ئاشكارا قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى ۋە ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللاشقا چاقىردى.

ئۇندىن باشقا نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىي ئەپەندى 12-سېنتەبىر كەچتە مالايشىيادىكى تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ پىروگراممىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى بۇ قېتىملىق مالايشىيا زىيارىتى جەريانىدا كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلار بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى مالايشىيادا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە ئۇنۇملۇك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.













# دوكلات: ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مىليونغا يېقىن شىركەتكە چېتىشلىق

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ھەرقايسى شىركەتلىرى بۇ يىل 6-ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يېقىنقى بىر دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، بىر مىليونغا يېقىن شىركەت مەزكۇر قانۇننىڭ جازالاش دائىرىسىگە كىرىشى مۇمكىن ئىكەن.

نيۇيورك شەھىرىگە جايلاشقان يەرشارى تەمىنلەش زەنجىرىنى كۆزىتىش شىركىتى «ئالتانا تېخنولوگىيەسى» ئالدىنقى ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى قوللايدىغان سودا ئېكولوگىيە سىستېمىسى ھەققىدە بىر دوكلات قىلغان بولۇپ، خىتايدا مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتىگە چېتىشلىق 938 مىڭ 991 شىركەت بارلىقىنى ئاشكارىلىغان.

دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، بۇ شىركەتلەر دۇنيا ئىقتىسادىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلار 600 گە يېقىن ئوخشىمىغان تارماق ساھەدە مىليونلىغان سودا مۇناسىۋەت سىستېمىسى قۇرۇپ چىققان. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە دۇنيادىكى باشقا ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك سودا مۇناسىۋىتىدىن 785 مىڭدىن ئارتۇقى بار بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك سودا مۇناسىۋىتى بولسا ئالتە مىليون 871 مىڭدىن ئاشقان.

ئالتانا تېخنولوگىيە شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى توقۇمىچىلىق، دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، تەبىئىي گاز، دېھقانچىلىق، ئۆي جاھازلىرى ۋە ماشىنا قاتارلىق ساھەلەردىكى بارلىق كەسىپلەرگە چېتىلىدىكەن.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى بۇ يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئىمپورت قىلغۇچىلاردىن شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بارلىق ماللارنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلمىغانلىقى ھەققىدىكى ئىسپات بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان. مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا رەختلىك كىيىم، پەمىدۇر ۋە كرىستال كرېمنىينى ئاساس قىلغان ئېغىر سانائەت بۇيۇملىرى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن.




خىتاي رېجىمى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتى سەۋەبلىك، مەزكۇر ئىشخانا بىلەن ھەمكارلىقنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ب د ت باش ئەلچىسى چېن شۈ 9-سېنتەبىردىكى سۆزىدە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلات سەۋەبلىك، خىتاينىڭ بۇندىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلىشالمايدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ 12-سېنتەبىر باشلىنىدىغان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 51-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە مەزكۇر دوكلاتنىڭ خىتايغا تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكى، خىتاينىڭ بۇندىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسى بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشالىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ب د ت نىڭ سابىق كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت 31-ئاۋغۇست ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشقا ئون نەچچە مىنۇت قالغاندا يېرىم يىلدىن ئارتۇق كېچىكتۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئېلان قىلغانىدى. مەزكۇر دوكلات خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە خۇلاسە چىقارغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن مۇددەت كېچىكتۈرۈلگەنلىكى، يۇمشاق ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، بولۇپمۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆزنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك تەنقىدكە ئۇچرىغانىدى.

# غۇلجا خەلقى جاننى ئالقانغا ئېلىپ زۇلۇمغا قارشى قوزغالدى



خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋەھشىيلەرچە قامال داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان سىنلار غۇلجا خەلقىنىڭ جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، خىتاينىڭ ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش جىنايىتىگە قارشى قوزغىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

11-سېنتەبىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان بىر سىندىن مەلۇم بولۇشىچە، غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزا خەلقى خىتاي رېجىمىنىڭ خەلقنى نەزەربەند قىلىپ، ئاچلىقتىن قىيناش، ئاشكارا قىرغىن قىلمىشىغا قارشى جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، كوچىغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن. مەزكۇر سىندا ئۇيغۇرلار ئۆي-ئۆيلەردىن كوچىغا چىقىشقا باشلىغان مەنزىرە كۆرسىتىلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ كوچىدىكى گۇماشتا خادىملىرىنىڭ «ئۆيگە كىرىڭلار» دېگەن ئاۋازلىرى خەلقنىڭ: «ئۆيدە ياتقاندىن كۆرە بۇ ئىشىمىز ئۇنۇملۇك بولغاندۇ؟ مانا قاراڭلار، ھەممەيلەن ئۆي-ئۆيلەردىن چىقىشقا باشلىدى» دېگەن ئاۋازلىرى ئارىسىدا غايىب بولغان.

مەزكۇر بىر مىنۇتلۇق سىندا قارشىلىق كۆرسىتىپ كېتىۋاتقانلار: «ئۆيگە قاماپ قويۇپ ھېچقانداق تەمىنات يەتكۈزۈلمەيۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك خەلق چىدىماي ئاخىرى قوزغىلىپ چىقتى» دېگەن بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئىشىكلەرنى مەجبۇرىي تاقاپ يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بەرمەي، ئوچۇق-ئاشكارا قىرغىن قىلىش جىنايىتىنى كۈچلۈك پاكىت بىلەن تەمىنلىگەن.

سىندا يەنە نارازىلىق بىلدۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ياشنىڭ پاراڭلىرىدىن خەلقنىڭ كەپتەرگە ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىنىڭمۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان بولۇپ، يېقىنقى مەزگىللەردە خەلقنىڭ ئاچلىق ئازابى تارتقاندىن سىرت، ئىقتىسادىي مەنبەسى بولغان مال-چارۋىلىرىنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىگەن. بۇندىن ئىلگىرى سىنلاردىمۇ دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، باغۋەنلەرنىڭ جاپادا

يېتىشتۈرگەن مېۋىلىرىنىڭ سېتىلماي سېسىپ كەتكەنلىكىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز زىيان سالغانلىقى ئاشكارىلانغاندى.

كۆزەتكۈچىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى داۋام قىلىۋاتقان، قارشىلىق كۆرسەتكەن ھامان بارلىق ئەركىنلىكىدىن، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىدىغان بىر ۋەزىيەتنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا قوزغىلىپ چىقىپ، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا قارشى چىقىشتىن ئىبارەت تىز پۈكمەس روھى ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلغانلىقىنى، ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئۈمىد ۋە ئىلھام ئېلىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا ھېچ ئىش قىلماي سۈكۈت ئىچىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ نومۇس قىلىشى كېرەكلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى خىتاينىڭ ئاتالمىش «ۋىرۇسنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نەزەربەند قىلىش، ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان سىنلار ئارقىلىق خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىشكە باشلىدى. خىتاي رېجىمى بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ داۋاملىق ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەقتە قورچاق ئەمەلدارلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۈندىدار توپلىرىدا سىن ۋە يازما ئۇچۇرلارنى، سەزگۈر مەزمۇنلارنى تارقىتىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

بۇ ھەقتىكى سىندىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دائىرىلىرى چۈشۈرگەن بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلگەن: «بۈگۈندىن باشلاپ 9-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە ئۈندىدار توپلىرىدا ھەرقانداق بىر كىشى ھەر خىل سالونلارنىڭ ئۇلانمىلىرىنى، سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى، ياخشى ياكى ناچار دېگەندەك ئىشارەتلەرنى، ھەرقانداق سىن ۋە رەسىملەرنى يوللاشقا بولمايدۇ. چۈنكى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى

دۆلىتىمىزدە چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ. شۇڭا خەلق دۆلەتنىڭ بارلىق ئەمىر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ ماسلىشىشى كېرەك. 9-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە چەكلەنگەن نەرسىلەرنى تارقىتىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئۇنىدىدار تويى، تويىنىڭ باشلىقى ۋە تويتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈنىدىدار ھېساباتى ئېچىلماس قىلىپ تاقىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئالاقە ئۇچۇرلىرىنى ئاۋازلىق يوللاش كېرەك، يېزىقچە يوللاشقا بولمايدۇ».

ئالدىنقى كۈنلەردە تارقالغان يەنە بىر سىندا خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «توردىكى پىتنە-ئىغۋالارغا زەربە بېرىش» نامىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى تور دۇنياسىغا تارقاتقانلارنى «دۆلەتنى پارچىلاش» دېگەندەك ئېغىر جىنايەتلەر بىلەن جازالايدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغانلىقى ئاشكارىلانغاندى.

كۆزەتكۈچىلەر ئالدىنقى بىر ئاي ئىچىدە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ، ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ۋەھشىي جىنايىتىنىڭ خەلقئاراغا ئاشكارىلانغانلىقىنى، بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلغان خىتاينىڭ مەزكۇر بۇيرۇقنى چىقارغانلىقىنى، مۇھاجىرەتتىكىلەرنىڭ بۇ پاكىتلارنى تۇتقا قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشقا مەجبۇرلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاشكارا قىرغىن قىلىش جىنايىتى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغاندىن بۇيان، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى جىددىي ئىنكاس قايتۇردى. فېيسبۇك، تىۋىتتېردا نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار سىنلار كۆپ خىل تىلدا تارقىتىلغاندىن باشقا، ھەرقايسى دۆلەتلەردە خىتاينىڭ بۇ ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

12-سېنتەبىر خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشقا ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان مىڭلىغان

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىشتىراك قىلىدى. نامايىشتا تۆت تىلدا بايانات ئوقۇلۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى ۋە شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەت، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسى بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىلدى.

خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ شىشلىدە تۇرۇشلۇق ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئىشخانىسىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلغان ئىسپاتلار يېزىلغان مەكتۇپ سۇنۇلدى.

ئۇندىن باشقا 10-سېنتەبىر ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ باشچىلىقىدا سەفاكۆيگە جايلاشقان فاتىھ جامەسىگە جەم بولۇپ، قۇنۇت دۇئاسى يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. يىغىلىشتا ئالدىن بىلەن خىتاي ئىشغالىيەتچى رېجىمى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن غايىبانە جىنازا نامىزى ئوقۇلدى. ئارقىدىن ۋىتىر نامىزى ئوقۇلۇپ، ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئىشغالىيەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىندى.

13-سېنتەبىر ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاچ قويۇپ، ئاشكارا قىرغىن قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىندى.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ 11-سېنتەبىر گوللاندىيە پايتەختى ئامستېردام شەھىرىنىڭ دام مەيدانىدا خىتاينىڭ يېڭى تۈرلۈك جىنايىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشچىلار شەرقىي تۈركىستاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى بايانات ئېلان قىلدى.

گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار 14-سېنتەبىر يەنە خىتاينىڭ گوللاندىيەدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزگەن بولۇپ، نامايىشچىلار ئاتقان تاشلار ۋە ياققان ئوتلاردىن قورققان خىتاي ساراسىمىگە چۈشتى. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ دېرىزىلىرىگە قىزىل بوياق ئاتتى. بۇ جەرياندا خىتاي ئەلچىخانىسىغا قارىتىپ تاش-كېسەكلەرنى ئېتىۋاتقان نامايىشچىلار ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان بىر ئۇيغۇر ياش خىتاي ئەلچىخانىسىغا ئوت يېقىلغان بوتۇلكىلارنى ئاتتى. نەتىجىدە ئەلچىخانىنىڭ ھويلىسىدىكى بىر نەچچە يەرگە تېزلا ئوت كەتتى. مەزكۇر نامايىش ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، كىشىلەر پىداكارلىق كۆرسەتكەن مەزكۇر ئۇيغۇر ياشنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ شۋېتسىيە مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 13-سېنتەبىر شۋېتسىيە پارلامېنتى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، بايانات ئېلان قىلدى. 16-سېنتەبىر شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار شۋېتسىيە پارلامېنتى ئالدىدا يەنە بىر قېتىم نامايىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە نارازىلىق بىلدۈردى. مەزكۇر نامايىشقا شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلدى. بۇ قېتىمقى نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشىدىن كېيىن، شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتى يەنە ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلۇمدىن تېزراق قۇتۇلۇشى ئۈچۈن 17-سېنتەبىر كەچتە دۇئا-تىلاۋەت يىغىلىشى ئۆتكۈزدى.

فىرانسىيەدىكى ئۇيغۇرلارمۇ 14-سېنتەبىر

پارىژدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە نۆۋەتتىكى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى. شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ 10-سېنتەبىر ئاقساراي ئالدىدا، 15-سېنتەبىر ۋاشىنگتوندىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. ھەر ئىككى يەردە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتا خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ۋەھشىي جىنايەتلىرى ئەيىبلەندى. خىتاي كونسۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان لاگېر شاھىتى تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن ۋە پائالىيەتچى تۇمارىس ئالماس خانىملار ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى.

16-سېنتەبىر يەنە نورۋېگىيە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، نورۋېگىيە پارلامېنت بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاش كۈندە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى پىيادە يۈرۈش قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈردى.

شۇنداقلا ئىستانبۇل فاتىھ جامەسىدىمۇ 16-سېنتەبىر تۈركىيەدىكى يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا «شەرقىي تۈركىستاننى يالغۇز قويمايمىز!» شوئارى بىلەن زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان 12 خانىم-قىزدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا 28-سېنتەبىر گوللاندىيەنىڭ ئارنەم شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا ئوينالغان خەلقئارالىق ئايااللار ۋالىبول مۇسابىقىسى داۋامىدا، خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىشنى گوللاندىيە تەشكىلاتلار ئىتتىپاقى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلار «خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات» دېگەن شوئار يېزىلغان مايكا كىيىپ ئولتۇرۇش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈردى.























خىتاي رېجىمى يېقىنقى مەزگىلدە ئاتالمىش «توردا پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى» دېگەن باھانە بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدىن بىر نەچچە كىشىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 12-سېنتەبىر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى يىغىنغا ئالاقىدار ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا خىتاي ئەمەلدارلىرى 10،11-سېنتەبىر كۈنلىرى ئاتالمىش «توردا پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش» باھانىسى بىلەن، ئىلى تەۋەلىكىدە ئالتە كىشىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، بىراق جازالانغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، غۇلجا شەھىرىدىن بىر كىشى قاتتىق قامالدا ئاچلىق سەۋەبىدىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بىر كىشىنىڭ خەۋىرىنى توردا ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان. غۇلجا شەھىرىدىن يەنە بىر كىشى ئولتۇراق بىناسىدا توۋلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتالمىش «پىدائىيلار»نىڭ ئۇرغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان. يەنە بىر كىشى قاتتىق قامالغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىك باھانىسى بىلەن، «ئاممىنى قارشىلىششقا قۇتراتتى» دېگەن تۆھمەت چاپلىنىپ تۇتقۇن قىلىنغان. يەنە بىر كىشى بولسا ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق، ئاھالىلەرنى بىنادىن چۈشۈپ، خىتاينىڭ ئاچ قويۇپ قامال قىلىش قىلمىشىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈشكە چاقىرغانلىق باھانىسى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا قورغاس ناھىيەسىدىن بىر كىشى «توردا پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ ئاچلىقتا ئۆلۈپ قالغان بىر كىشىنى دەپنە قىلىشقا يول قويمىغانلىقىنى توردا تارقاتقانلىقى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان.

خىتاي رېجىمى يەنە يېقىنقى مەزگىلدە خالىغانچە ئۇچۇر تارقىتىۋاتقانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى، بۇ خىل دېلولارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەلققە تەھدىت سالغان.



# ياۋروپا كومىتېتى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى

ياۋروپا كومىتېتى ياۋروپا ئىتتىپاقى بازىرىدىكى بارلىق مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش ھەققىدە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا كومىتېتى 14-سېنتەبىر ياۋروپا ئىتتىپاقى بازىرىدا مەۋجۇت بولغان بارلىق مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى چەكلەش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياۋروپا كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ياۋروپا ئىتتىپاقىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ۋە ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى، شۇنداقلا ئىمپورت قىلىنغان بارلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىدە مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كونكرېت كەسىپ ياكى شىركەتلەر تىلغا ئېلىنمىغان.

ياۋروپا كومىتېتى بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا: «ياۋروپا كومىتېتىنىڭ بۇ ئەتراپلىق تەدبىرلىرى ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى تەخمىنەن 27 مىليون 600 مىڭ كىشى ھەر قايسى قىتئە ۋە نۇرغۇن كەسىپلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا. كۆپىنچە مەجبۇرىي ئەمگەك خۇسۇسىي ئىگىلىك ساھەسىدە يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مەجبۇرىي ئەمگەك دۆلەت تەرىپىدىن كۈچەيتىلمەكتە» دېيىلگەن.

باياناتتا يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەكلىپىنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ئېنىقلىما ۋە ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلىپ، دۇنيادىكى شېرىكلەر بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغانلىقى، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنى ياۋروپا بازىرىدىن چىقىرىۋېتىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، ياۋروپا ئىتتىپاقى تاموژنا ئورگانلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، مەزكۇر ماللارنىڭ ياۋروپاغا كىرىشىنى چەكلەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە سودا ۋەكىلى ۋالدىس دومبروۋسكىسنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەكلىپ دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زامانىۋى قۇللۇق

تۈزۈمنى ھەل قىلىشتا ھەقىقىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىكەن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياۋروپا ئىتتىپاقى بازىرىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدىكەن.

باياناتتا يەنە: «دەسلەپكى باسقۇچتا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئوخشىمىغان مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ خەتىرىنى باھالاپ چىقىدۇ. بۇ بەلكىم پۇقرالار جەمئىيىتى تەمىنلىگەن ماتېرىيال، ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە جۇغراپىيەلىك رايونلارغا مەركەزلەشكەن مەجبۇرىي ئەمگەك خەۋپى قاتارلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە شىركەتنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېيىلگەن.




يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان ئۆيگە قامال قىلىپ ئاچ قويۇپ، قىرغىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايى قىلمىشلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان سىنلار ئارقىلىق خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلدى. 17-سېنتەبىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان ئاۋازلىق ئۇچۇر خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «ئۆي ئىچىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش» نامىدا چاچقان دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

ئاۋازلىق ئۇچۇردا قازاقىستاندا تۇرۇۋاتقان بىر مۇھاجىر تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان يېقىنىغا: «بىزنىڭ مەھەللىدە ئادەم قالماپتۇ» دېگەن. تۈركىيەدىكى يېقىنى ئۇنىڭدىن: «نېمە بوپتۇ؟ ئاچارچىلىقتىن شۇنداق بوپتۇمۇ؟» دەپ سورىغان. بۇنىڭغا جاۋابەن قازاقىستاندىكى مۇھاجىر:«ئاچلىق ئۇياقتا قالسۇن، تۈنۈگۈن خىتايلار دېزىنفېكسىيە قىلىمىز دەپ، ئائىلە-قورۇلارغا دورا چاچقان ئىكەن، پۈتۈن مەھەللىدىكى جامائەت يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ھەتتا دوختۇرغا ئاپىرىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ۋەتەنىنىڭ ئەھۋالى ئېچىنىشلىق ھالەتتە ئىكەن. مېنىڭ 24 ياشقا كىرگەن ئوغلۇم قارشى تۇرۇپ، دورا چاچمايمىز، دېگەنلىكى سەۋەبلىك خىتايلار ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، ئۆيدە قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۈزۈندىن بۇيان ئائىلەمگە تېلېفون

قىلمىغانىدىم، ئالاقە قىلىپ باقاي دەپ تېلېفون قىلسام، تېلېفونى ئايالىم ئېلىپ، ئاران سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ئاچلىقتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلار ئۆيلەرگە چېچىۋاتقان دورىنىڭ ھەممە ئادەمنى يىقىتقانلىقىنى ئېيتتى» دېگەنلەرنى ئاشكارىلىغان.

بۇلاردىن سىرت، خىتاي رېجىمىنىڭ ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش نامىدا، خەلققە نامەلۇم سۈيۈق دورىلارنى مەجبۇرىي ئىچكۈزۈۋاتقانلىقىمۇ كۆپلىگەن سىنلاردا ئاشكارىلىنىپ، دىققەت ۋە گۇمان قوزغىماقتا.




# ئىستانبۇلدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى باشچىلىقىدا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا «ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق كۈرىشى» ناملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىن 17-، 18-سېنتەبىر كۈنلىرى ئىستانبۇلدىكى Green park مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئاكادېمىكلار، تۈركىيەدىكى سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى ئاساسلىق كۆنتەرتىپ بولغان بولۇپ، ھەرقايسى سۆز قىلغۇچىلار بۇنىڭغا قارشى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

يىغىنغا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن بىرلىك باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى ۋە بىرلىكنىڭ ئەرەب-ئىسلام دۇنياسى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرىي قاتناشتى.

مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرىي يىغىندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيەسى ھەققىدە سۆز قىلدى.




يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش جىنايىتى سەۋەبلىك خەلقئارادا بېسىمغا دۇچ كەلگەن خىتاي رېجىمى كونا ئۇسۇلى بولغان ئاخبارات ئېلان قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خىتاي دائىرىلىرى 18-سېنتەبىر بېيجىڭدا شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار 79-قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. يىغىندا خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا ئاچ قويۇپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىنىڭ باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ رىياسەتچىلىك قىلغان. يىغىنغا قورچاق ئەمەلدارلاردىن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېلزات زادە قاتناشقاندىن سىرت، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ۋالىيسى ئېرشات تۇرسۇنباي، ئىلى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئالتاي گۈل جۇمە قاتارلىق توققۇز قورچاق ئەمەلدار سىن ئارقىلىق قاتناشتۇرۇلغان.

ئېلزات زادە سۆز قىلىپ: «ئىلى ئوبلاستىدا ھاياتلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان پىدائىيلارنى ئىشقا سېلىپ بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق. ئەمما چەت ئەلدىكى خىتايغا قارشى بىر قىسىم كۈچلەر بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزغا كۆز يۇمۇپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى قىلغانلىق، دەپ تەشۋىق قىلدى. قىسمەن ئاممىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى كوللېكتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، دەپ سۈپەتلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى سىياسىيلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قالايمىقان قىلىشقا ئۇرۇندى» دەپ بىلجىرلىغان.

كۆزەتكۈچىلەر مۇھاجىرەتتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندا ئىكەنلىكىنى، بەش-ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلالمىغانلىقىنى ئۇستىگە، چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ۋەتەندىكى تۇغقانلىرىنىڭ جازالانغانلىقىنى، خىتاينىڭ يەنە ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا قىرغىن قىلىش جىنايىتىنىڭ نۆۋەتتە خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلانغان بىر ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ خىتاي رېجىمىنىڭ يۇقىرىقىدەك نومۇسسىزلارچە يالغان بايانلىرى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەشۋىقات ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان 20-سېنتەبىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.

تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان ب د ت نىڭ 77-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ: «خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە، بىر خىتاي سىياسىتىگە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا قەتئىي زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا، مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ قوغدىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىمىز» دېگەن.

پىرېزىدېنت ئەردوغاننىڭ ب د ت نىڭ مۇھىم يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشى كۈچلۈك دىققەت قوزغىغان بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەرخىل باھا بەرمەكتە.




ئامېرىكا پىرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 77-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

بايدېن خىتاينىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سەۋىيىدە ۋە كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە يادرو قوراللىنىش يولىغا ماڭغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىدە: «كىشىلىك ھوقۇق بىر ئېرىشمەكچى بولغان ھەر قانداق نىشاننىڭ ئاساسىي بولۇشى كېرەك. ئەمما بۈگۈن 2022-يىلىدا ئىنساننىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرى دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە خەتەر ئىچىدە تۇرماقتا. شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ دوكلاتىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن.

# خىتاي ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش رەزىل پىلانىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى پىلانلىغان بولۇپ، خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەمەلدارى بېيجىڭدا ئاتالمىش «خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش ئىبارەت رەزىل پىلانىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىگەن.

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى يىللاردىن بېرى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش رەزىل پىلانىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى گېزىتىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ 20-سېنتەبىر بېيجىڭدا ئاتالمىش «خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ 11-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر كېڭەش يىغىنىدا يېڭى تەيىنلەنگەن جەمئىيەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىگەن.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرئان كەرىم ۋە دىنغا ئالاقىدار بارلىق كىتابلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈپ، ئون مىڭلىغان مەسچىتلەرنى چېقىپ، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرلىرىغا قامىغان. ئۇندىن باشقا «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش» پىلانى تۈڭگان مۇسۇلمانلىرىغىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولۇپ، خىتاي رېجىمى تۆۋەنگە چۈشۈرگەن خىزمەت تارماقلىرى مەسچىتتىكى ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق بەلگىلەرنى، سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى ئالماشتۇرغان. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئورنىغا «ئۈنتۈپ قالماڭ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ»، «خىتاي ئارزۇسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىڭ» دېگەن شوئارلارنى، شۇنداقلا يېڭى تۈزۈپ چىققان «دىنىي ئىشلار نىزامى»دىكى بۇيرۇقلارنى يازغان، قارشى چىققانلارنى قاتتىق باستۇرغان.

خىتاي رېجىمى 2017-يىلى 12-ئايدا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى بىر قانۇن تۈزۈپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى ھەرقايسى ئاتالمىش «ئىسلام جەمئىيەتلىرى»گە تارقىتىپ بېرىلگەن.

مەركىزى قانۇن خىتاينىڭ 2018-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت پىلانىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

نۆۋەتتە خىتاينىڭ «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش» پىلانىنىڭ بەش يىللىق مۇددىتى توشقان بولۇپ، بۇ قېتىم ئېچىلغان ئاتالمىش «خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ 11-نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنىدا خىتاي رېجىمى بۇ رەزىل پىلانىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

# ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىشى ئۈنۈمنى كۆرسەتتى




خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى دۇنياغا پاش قىلغان جازا لاگېرى شاھىتلىرىدىن تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن، زۇمرەت داۋۇت ۋە گۈلزىرە ئاۋۇلقان قاتارلىق خانىملار خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىگە قارشى 19-سېنتەبىر ئاقسارراي ئالدىدا ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىشى باشلىغانىدى. نۆۋەتتە نامايىشچىلارنىڭ پىداكارلىقلىرى ئۈنۈمنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزاسى كىرىستوفېر سىمىس ئەپەندى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن ئەلچىسى كېلىي كۇرىي خانىم 21-سېنتەبىر ئۇلارنى ئالاھىدە زىيارەت قىلغان.

لاگېر شاھىتلىرى ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىشىنى تۆت كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرى زىيارەت قىلغان. نامايىش باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن خانىم ئۈچ قېتىم ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىشىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغان. نامايىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، يەنى 21-سېنتەبىر ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزاسى كىرىستوفېر سىمىس ئەپەندى ۋە ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن ئەلچىسى كېلىي كۇرىي خانىم ئۇلارنى ئالاھىدە زىيارەت قىلغان.

كىرىستوفىر سىمىس نامايىش مەيدانىدا سۆز قىلىپ، لاگېر شاھىتلىرى ۋە پائالىيەتچىلەرنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن كۈتكەن تەلەپلىرى ھەققىدە بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قارارنامە يېزىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سۇنىدىغانلىقىنى، قارارنامىدە ئامېرىكىنى مىشېل باچېلېت ئىشخانىسى ئېلان قىلغان دوكلاتقا ئاساسەن، ب ب ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كېلىي كۇرىيمۇ كىرىستوفىر سىمىسنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن، جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر قەھرىمان لاگېر شاھىتلىرى خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن ئىجرا قىلىۋاتقان ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش، ئاتالمىش «دېزىنفېكسىيە قىلىش» نامىدا زەھەرلەش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئامېرىكا ۋە خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش، ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قارار لايىھەسى سۇنۇشقا ۋەدە بەرگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشنى پىلانلىغان. تۆت كۈن جەريانىدا تۆلگەن بەدەللەر ئۈنۈم بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزاسى كىرىستوفىر سىمىسنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ قېتىملىق ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىشنى ئاخىرلاشتۇرغان.




تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلى 22-سېنتەبىر نيۇيوركتا چاقىرىلغان ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يىللىق ماسلاشتۇرۇش يىغىنىدا سۆز قىلىپ: «دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىككىنچى خەلقئارالىق ئورگان بولغان ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى ئورتاق ئاۋازىمىزدۇر. بىز ئۇيغۇر تۈركلىرى، روھىنگا مۇسۇلمانلىرى، كەشمىر مۇسۇلمانلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىمىزنى

قايتا تىلغا ئېلىشنى خالايمىز. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئالىي ئەمەلدارىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېلان قىلغان دوكلاتى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) دا ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. شۇنداقلا بۇ دوكلاتتا خەلقئارا جەمئىيەتكە مۇھىم تەۋسىيەلەر ئورۇن ئالماقتا. بىز پەقەت ھەمكارلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلساقلا مۇھىم نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ئاللاھ قۇرئاندا: ‹مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشتۇر. قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار› دېگەن. شۇڭلاشقا بىز مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىقنى سىياسەتنىڭ ئۈستىگە قويۇشىمىز كېرەك» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.




خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلگەن بىر مەزگىلدە، بىر ئۇيغۇرنىڭ ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى غۇلغۇلا قوزغىدى.

بېنار خەۋەرلىرى تورىنىڭ 27-سېنتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، ھىندونېزىيە بۇ يىل 7-ئايدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بىر ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ھىندونېزىيە ساقچىلىرى مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ خىتايدىكى قايسى شەھەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاشكارىلىمىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، 35 ياشلىق ئەھمەت بوزئوغلان ئىسىملىك ئۇيغۇر باشقا ئۈچ ئۇيغۇر بىلەن بىرلىكتە 2015-يىلى يالغان پاسپورت ئىشلىتىش، ئاتالمىش «تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشىش» دېگەن باھانە بىلەن ئالتە يىلدىن سەككىز يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 2020-يىلى ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى ئۈچ ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئەھمەت بوز ئوغلان مەركىزى سۇلاۋېسى ئۆلكىسىدە تۈرك پاسپورتى بىلەن قولغا ئېلىنغان. ھىندونېزىيە دۆلەتلىك

ساقچى ئىدارىسىنىڭ 88-نومۇرلۇق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومىسسارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەھمەت بوز ئوغلان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، جاۋانىڭ سىرتىدىكى نۇسا كامبانگان جازا ئارىلىغا قامالغان. ئەھمەد بوزئوغلان بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى جازا مۇددىتى توشقان ھامان خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

ھىندونېزىيە كۆچمەنلەر باش ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى ئەھمەد نۇرسالىپ بىنار خەۋەرلىرى مۇخبىرىنىڭ ئەھمەد بوزئوغلان توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا دەرھال جاۋاب قايتۇرمىغان. بوزئوغلاننىڭ ئادۋوكاتى فارىس ئەھمەد بوزئوغلاننىڭ 7-ئاينىڭ 1-كۈنى قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى دەلىللىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خىتاينىڭ قايسى ئۆلكىسىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.




پاكىستاننىڭ كاراچىدىكى خىتاي شىپاخانىسى قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ، ھۇجۇمدا بىر خىتاي ئۆلۈپ، ئىككى خىتاي يارىلاندى.

ب ب س نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، پاكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى پورت شەھەر كاراچىدا 28-سېنتەبىر بىر ئەر كىشى خىتايلار ئاچقان چىش كېسەللىكى شىپاخانىسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلغان. ھۇجۇمدا بىر خىتاي ئۆلۈپ، ئىككى خىتاي يارىلانغان. ھۇجۇم قىلغۇچى نەق مەيداندىن قېچىپ كەتكەن بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىزدەش ھەرىكىتى باشلىغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىمار قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان بىر كىشى شىپاخانىغا كىرىپ ئوق چىقارغان. ساقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆلگەن ۋە يارىلانغان ئۈچ خىتاينىڭ ھەممىسىدە خىتاي ۋە پاكىستان كىملىكى بار بولۇپ، مەزكۇر خىتايلارنىڭ كاراچىدا چىش شىپاخانىسى ئاچقىنىغا 40 يىل بولغان. ھۇجۇم قىلغۇچى 30 ياشتىن ئاشقان ئادەم بولۇپ، ھۇجۇم داۋامىدا پاكىستان پۇقرالىرىغا زىيان يەتكۈزمىگەن.

ھۇجۇم قىلغۇچى ۋەقەدىن كېيىن موتوسىكلىت بىلەن سىرتتا ساقلاپ تۇرغان ھەمراھىنىڭ ياردىمىدە قېچىپ كەتكەن.

يەرلىك ساقچىلار ئۆلگۈچىنىڭ 74 ياشلىق چىش دوختۇرى رىچارد خۇنىڭ يارەمچىسى رونالد چاۋ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. يارىلانغانلار بولسا رىچارد خۇ ۋە ئۇنىڭ 72 ياشلىق ئايالى ئىكەن. بۇ ئىككىسى ھۆجۇمدا يارىلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان. ھازىرغىچە ھېچقانداق تەشكىلات مەزكۇر ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈز ئۈستىگە ئالمىغان.




دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى مەرھۇم ئەللامە، ئىمام يۈسۈف قەرەداۋىينىڭ جىنازىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قاتارغا بارغان شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللامنىڭ قاتار زىيارىتى داۋاملاشماقتا.

مەھمۇدجان داموللام شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن مەرھۇم ئىمام يۈسۈف قەرەداۋىينىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشقاندىن كېيىن، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ مەركىزىگە تەزىيە ئۈچۈن يىغىلغان بىرلىك باش كاتىپى شەيخ ئەلى قەرەداغي، شەيخ مۇھەممەد ھەسەن ئەدەدەۋ، شەيخ مۇھەممەد ئەسسەغىر ۋە مەرھۇم شەيخ يۈسۈف قەرەداۋىينىڭ ئوغۇللىرى قاتارلىق ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن كۆرۈشۈپ تەزىيە بىلدۈردى.


مەھمۇدجان داموللام بۇ جەرياندا تەزىيە ئۈچۈن يىغىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مېھمانلارغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، جۈملىدىن ئىسلامغا قارشى تېررور سىياسىتى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

مەھمۇدجان داموللام 29-سېنتەبىر كەچتە يەنە ئەلجەزىرە قانىلىنىڭ كەچلىك پىروگراممىسىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇردى.

ئۇ پىروگراممىدا ئالدى بىلەن مەرھۇم ئىمام يۈسۈف قەرەداۋىينىڭ ھاياتىدا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر



نەچچە كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئارقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «تېررورغا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئىسلامغا قارشى باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكىنى، جازا لاگېرلىرىدا ھەر خىل ۋاسىتىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئىمانىدىن يېنىشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى، ئون مىڭلىغان مەسچىتلەرنى چېقىۋەتكەنلىكىنى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغانلىقىنى تونۇشتۇردى.




**شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي رېجىمى «ۋىرۇسنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررور سىياسىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.**

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياмچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ي. قۇرۇم** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رادۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2**<br>**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**

**www.istiqlalmedia.com** **www.istiqlalhaber.com**

**+90 553 895 19 33** **+90 212 540 31 15**

**+90 541 797 77 00**